مۇقەددەس كىتاب

# گالاتىيالىقلارغا

يېزىلغان خەت

48

# گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت

## مۇقەددەس كىتاب - يېڭى ئەھدە
## (ئىنجىل)
## 9-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى هازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت

## سالاملار

1 [1] ئادەملەرنىڭ تەرىپىدىن ياكى ئادەملەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەيسا
مەسىھنىڭ ۋە ئۇنى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن قوپۇرغان خۇدا ئاتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن روسۇل
بولغان پاۋلۇستىن [2] ۋە مەن بىلەن بىللە بولغان بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن گالاتىيادىكى
جامائەتلەرگە سالام. [3] سىلەرگە خۇدا ئاتىدىن ۋە خۇداۋەندىمىز ئەيسا مەسىھتىن مېھىر-
شەپقەت ۋە ئامانلىق بولغاي. [4] ئۇ ئۆزى خۇدا ئاتىمىزنىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق بىزنى ئۇشبۇ
يامان دۇنيادىن قۇتقۇزغىلى گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلدى. [5] ئۇنىڭغا ئەبەدلەرنىڭ
ئەبەدىگىچە شان-شەرەپ بولسۇن ئامىن.

## بەرگەن ئىنجىلدىن باشقا ئىنجىل يوق

[6] مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن قىچقارغۇچىدىن يېنىپ، باشقا ئىنجىلغا ئۇنداق پات
يۆتكەلگىنىڭلارغا ئەجەبلىنىمەن. [7] لېكىن شۇ ئەسلا باشقا ئىنجىل ئەمەستۇر. ئەمما سىلەرنى
ئېزىقتۇرۇپ مەسىھنىڭ ئىنجىلىنى ئىلىشاڭغۇ قىلىپ تۇرغان بەزى كىشىلەر بار. [8] لېكىن
بىز ئۆزىمىز ياكى ئاسماندىن بىر پەرىشتە، بىز سىلەرگە يەتكۈزگەن ئىنجىلدىن باشقىسىنى ۋەز
ئېيتسا، مەلئۇن بولسۇن. [9] مەن ئىلگىرى ئېيتقاندەك ئەمدى يەنە ئېيتىمەنكى، بىر كىشى
سىلەر قوبۇل قىلغان ئىنجىلدىن باشقىسىنى ۋەز ئېيتسا، مەلئۇن بولسۇن.
[10] ئەمدى ئادەملەرنىڭ رىزايىغىمۇ ياكى خۇدانىڭ رىزايىغا سۆز قىلىمەنمۇ؟ ياكى تېخى
ئادەملەرگە مەقبۇل بولغىلى تىرىشىمەنمۇ؟ ئەگەر تېخى ئادەملەرگە مەقبۇل بولغىلى خالىسام،
مەسىھنىڭ خىزمەتكارى بولمايتتىم.

## خۇدا ئۆزى پاۋلۇسنى روسۇللۇق خىزمىتىگە قىچقارغان

[11] لېكىن، ئەي بۇرادەرلىرىم، مەن سىلەرگە يەتكۈزگەن ئىنجىل ئىنسانچە ئەمەس دەپ، سىلەرگە
بىلدۈرىمەن. [12] چۈنكى مەن ئۆزۈم ئۇنى ئادەم تەرىپىدىن قوبۇل قىلمىدىم ياكى ئۆگەنمىدىم،
لېكىن ئەيسا مەسىھنىڭ ئىلھامى ۋاستىسى بىلەن ماڭا كەلدى. [13] مېنىڭ يەھۇدىيلىقتا

قىلغان يەرۇش-تۆرۈشۈمنىڭ توغرىسىدىن ئاڭلاپ، مېنىڭ خۇدانىڭ جامائىتىنى قانداق
ھەددىدىن زىيادە قوغلاپ ۋەيران قىلغىنىمنى بىلىسىلەر. [14] دەرۋەقە يەھۇدىيلىقتا تەرەققىي
قىلىپ قوۋمىمدىكى تەڭتۇشلىرىمنىڭ تولىسىدىن ئۆتۈپ، ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ بۇيرۇقلىرىدا
غەيرەت قىلاتتىم.
[15] لېكىن مېنى ئانامنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدىن بېرى ئىلغاپ، ئۆز مېھىر-شەپقىتى بىلەن
قىچقارغان خۇدا [16] تائىپىلەرگە ئىنجىلنى يەتكۈزمىكىم ئۈچۈن، ئۆز ئوغلىنى مەندە ئاشكارا
قىلغىلى مۇناسىپ كۆرگەندە، جىسىم ۋە قان بىلەن مەسلىھەت قىلمىدىم. [17] ۋە يېرۇسالېمغا
مەندىن ئىلگىرى روسۇل بولغانلارنىڭ قېشىغا چىقماي، ئەرەبىستانغا بېرىپ، ئاندىن يەنە
دەمەشققە يېنىپ كەلدىم.
[18] ئۈچ يىلدىن كېيىن كىفاس بىلەن تونۇش بولماق ئۈچۈن يېرۇسالېمغا چىقىپ، ئون بەش
كۈن ئۇنىڭ قېشىدا قالدىم. [19] لېكىن خۇداۋەندىنىڭ بۇرادىرى ياقۇپتىن باشقا روسۇللارنىڭ
ھېچبىرىنى كۆرمىدىم. [20] مانا سىلەرگە بۇ پۈتكىنىمنىڭ يالغان بولمىغىنى خۇدانىڭ ئالدىدا
ئاشكارىدۇر. [21] ئاندىن كېيىن سۇرىيە ۋە كىلىكىيەنىڭ ئەتراپلىرىغا كەلدىم. [22] لېكىن
يەھۇدىيەدىكى جامائەتلەر مېنى يۈزدىن تونۇمايتتى. [23] ئۇلار «بىزنى بىر ۋاقىت قوغلىغان
كىشى ئۆزى ئىلگىرى يوقاتقىلى قەستلىگەن ئىمانىنىڭ ئىنجىلىنى ئەمدى ۋەز ئېيتىدۇ» دەپ،
مەن توغرۇلۇق يالغۇز شۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، [24] مېنىڭ جەھىتىمدىن خۇداغا ھەمد ئېيتتى.

## روسۇللارنىڭ پاۋلۇسنى قوبۇل قىلىشى

2 [1] ئون تۆت يىلدىن كېيىن تىتۇسنى ھەمراھ قىلىپ، بارناباس بىلەن يېرۇسالېمغا يەنە
چىقتىم. [2] بىر ئىلھامغا مۇۋاپىق چىققانىدىم. ئانداكىلەرگە ئۆزۈم تائىپىلەرگە جاكارلىغان
ئىنجىلنى دەپ بەردىم، لېكىن مۆتىۋەرلەرگە يۈزمۇيۈز ھەممىسىنى بايان قىلىپ، ھازىرقى
يۈگۈرۈشۈم ياكى ئىلگىرىكى يۈگۈرگىنىم بىكار بولمىسۇن دەپ، ئۇلار بىلەن مەسلىھەت
قىلىشتىم. [3] ئەمما مەن بىلەن ھەمراھ بولغان تىتۇس يۇنانىي بولغىنى بىلەن خەتنە قىلىنغىلى
زورلانمىدى. [4] بولمىسا بىرنەچچە ساختا بۇرادەرلەر جامائەتكە قوشۇلغانىدى. ئۇلار بىزنى قۇل
قىلماق ئۈچۈن مەسىھ ئەيسادىكى ئازادلىقىمىزنى چارلىغىلى جامائەتكە كىرىۋالغانىدى.
[5] لېكىن ئىنجىلنىڭ ھەقىقىتى ئاراڭلاردا قالسۇن دەپ، بىر سائەتچەمۇ ئۇلارغا ئىتائەت
قىلغىلى ئۇنىمىدۇق.
[6] لېكىن مۆتىۋەر سانالغانلار بىر نېمە بولغان بولسا ياكى بولمىسا، بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ
كارىم يوقتۇر. خۇدا ئادەمگە يۈز-خاتىرە قىلمايدۇ. ھەرقانداق بولسا، مۆتىۋەرلەر ماڭا بىر نېمە
بۇيرۇمىدى. [7] بەلكى ئۇلار پېترۇسقا خەتنىلىكلەرگە ئىنجىلنىڭ يەتكۈزۈشى تاپشۇرۇلغاندەك،
ماڭا خەتنىسىزلەرگە يەتكۈزۈشى تاپشۇرۇلغىنىنى كۆردى. [8] چۈنكى پېترۇس خەتنىلىكلەر

ئارىسىدا روسۇللۇق قىلىپ تۇرغىنىدا، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈچى ئۆزى ماڭا ھەم تائىپىلەرنىڭ
ئارىسىدا ياردەم بەرگەنىدى. [9] تۈۋرۈكلەردەك سانالغان ياقۇپ ۋە كىفاس ۋە يۇھاننا ماڭا
بېرىلگەن مېھىر-شەپقەتنى بىلىپ: «بىز خەتنىلىكلەرگە ۋە سىلەر تائىپىلەرگە بارغايسىلەر»
دەپ ماڭا ۋە بارناباسقا شېرىكلىككە ئوڭ قولىنى بەردى. [10] لېكىن ئۇلار پېقىرلارنى ياد
قىلىشىمىزنى خالىدى ۋە مەن شۇنى قىلىشىپ بەرگىلى تىرىشتىم.

## پاۋلۇسنىڭ كىفاسنىڭ (يەنى پېترۇسنىڭ) ئەيىبلىشى

[11] لېكىن كىفاس ئانتاكىياغا كەلگەندە خاتا قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يۈزمۇيۈز قويۇپتۇم.
[12] چۈنكى ياقۇبتىن كىشىلەر كەلمەستە ئۇ تائىپىلەر بىلەن تائام يېدى. لېكىن ئۇلار
كەلگەندىن كېيىن خەتنىلىكلەردىن قورقۇپ، ئۆزىنى نېرى تارتىپ تائىپىلەردىن
ئايرىلدى. [13] قالغان يەھۇدىيلار ھەم ئۇنىڭ بىلەن رىيا قىلدى. شۇنداقكى، بارناباس ھەم
ئۇلارنىڭ رىياسىغا تارتىلدى. [14] لېكىن مەن ئۇلارنىڭ ئىنجىلنىڭ ھەقىقىتىگە مۇۋاپىق
تۈز ئىش قىلمىغىنىنى كۆرگەندە، ھەممىسىنىڭ ئالدىدا كىفاسقا ئېيتتىمكى: «سەن
يەھۇدىي بولۇپ يەھۇدىيدەك ياشىماي، تائىپىلەردەك ياشىساڭ، نېمە ئۈچۈن تائىپىلەرنى
يەھۇدىيدەك ياشىغىلى زورلايسەن؟
[15] بىز ئۆزىمىز يەھۇدىي بولۇپ، تائىپىلەرنىڭ تەرىقىسىدە گۇناھكار ئەمەسمىز. [16] ھېچبىر
ئادەمنىڭ قانۇن ئەمەللىرى بىلەن ئادىل بولالماي، بەلكى مەسىھ ئەيساغا ئىمان
كەلتۈرمىكى بىلەن ئادىل قىلىنىمىقىنى بىلىپ، بىز ھەم مەسىھ ئەيساغا ئىشەندۇق.
تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلماق بىلەن ئەمەس، بەلكى مەسىھكە ئىشەنمىكىمىز بىلەن
ئادىل قىلىنغايمىز. چۈنكى ھېچبىر ئادەم تەۋرات قانۇنىنىڭ ئەمەللىرى بىلەن ئادىل
قىلىنمايدۇ.
[17] لېكىن ئەگەر بىز مەسىھتە ئادىل بولۇشنى ئىزدەپ، ئۆزىمىزنىڭ ھەم گۇناھكار
ئىكەنلىكىمىز ئېنىق بولسا، مەسىھ گۇناھنىڭ خىزمىتىدە بولمىدىمۇ؟ ياق ھەرگىز.
[18] چۈنكى ئۆز يىقىتقىنىمنى يەنە ياسىسام، ئۆزۈمنى خىلاپلىق قىلغۇچىدەك كۆرسىتىمەن.
[19] چۈنكى مەن بولسام خۇدا ئۈچۈن ياشىغىلى تەۋرات قانۇنىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن تەۋرات
قانۇنىغا نىسبەتەن ئۆلدۈم. [20] لېكىن مۇندىن
كېيىن مەن ئۆزۈم ياشىمايمەن، بەلكى مەسىھ مەندە ياشايدۇ. ئەمما ئەمدى جىسمىچە
ياشىساممۇ، مېنى دوست تۇتۇپ مەن ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان ئىبن ئاللانىڭ ئىمانى
بىلەن ياشايمەن. [21] خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى ئىناۋەتسىز قىلمايمەن، چۈنكى ئەگەر
ئادالەت تەۋرات قانۇنىدىن بولسا ئىدى، مەسىھ بىكار ئۆلگەنىدى.

## ئىمان ۋە تەۋرات قانۇنى

3 [1] ئەي ئەقىلسىز گالاتىيالىقلار، كرېستكە تارتىلغان ئەيسا مەسىھ ئۆز كۆزلىرىڭلارنىڭ
ئالدىدا بايان قىلىنغاندىن كېيىن، كىم سىلەرنى ئالدىغانىكەن؟ [2] يالغۇز شۇنى سىلەردىن
بىلگىلى خالايمەن: روھنى تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىش بىلەن قوبۇل قىلدىڭلارمۇ ياكى
ئاڭلاپ ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن ئۇنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟ [3] شۇنداق ئەقىلسىز بولدۇڭلارمۇ؟
روھ بىلەن باشلىغاندىن كېيىن، جىسىم بىلەن تامام قىلىسىلەرمۇ؟ [4] شۇ نەچچە تولا زەخمەتنى
بىكار تارتتىڭلارمۇ؟ دەرۋەقە بىكار بولدىمۇ؟ [5] سىلەرگە روھنى بېرىپ، ئاراڭلاردا قۇدرەتلىك
ئەمەل قىلغۇچى شۇنى تەۋرات قانۇنىنىڭ ئەمەللىرى ئۈچۈن قىلدىمۇ ياكى ئاڭلاپ ئىمان
كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلدىمۇ؟
[6] شۇنداق ھەم ئىبراھىم خۇداغا ئىشەندى ۋە ئىشىنىشى ئۇنىڭغا ئادالەتتەك سانالدى.
[7] بىلىڭلاركى، ئىماندىن بولغانلارنىڭ ئۆزى ئىبراھىمنىڭ باللىرىدۇر. [8] لېكىن مۇقەددەس
يازمىلار خۇدانىڭ تائىپىلەرگە ئىمان بىلەن ئادىل قىلىدىغىنىنى ئىلگىرىدىن كۆرگەچ: «سەندە
ھەممە تائىپىلەر بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ» دەپ ئىبراھىمغا ئىلگىرىدىن ئىنجىلنى بېشارەت
بەردى. [9] ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىماندىن بولغانلار ئۆزى ئىشەنگەن ئىبراھىم بىلەن بىللە بەخت-
بەرىكەت تاپىدۇ.
[10] ئەمما تەۋرات قانۇنىنىڭ ئەمەللىرىگە تايانغانلارنىڭ ھەممىسى لەنەت تېگىدىدۇر، چۈنكى
ھەركىم تەۋرات قانۇنىنىڭ كىتابىدا پۈتۈلگەننىڭ ھەممىسىنى دائىم تۇتمىسا، مەلئۇندۇر.
[11] ھېچكىمنىڭ تەۋرات قانۇنى بىلەن خۇدانىڭ ئالدىدا ئادىل قىلىنمايدىغىنى ئاشكارىدۇر،
چۈنكى ئادىل كىشى ئىمان بىلەن ياشايدۇ. [12] ئەمما تەۋرات قانۇنى ئىماندىن ئەمەس، بەلكى
ئۇنى تۇتقان كىشى ئۇنىڭ بىلەن تىرىك قالىدۇ. [13] مەسىھ بىز ئۈچۈن لەنەت قىلىنىپ، بىزنى
تەۋرات قانۇنىنىڭ لەنەتىدىن ئازاد قىلدى. چۈنكى ھەركىم ياغاچقا ئېسىلسا، مەلئۇندۇر» دەپ
پۈتۈلگەندۇر. [14] ئىبراھىمنىڭ مۇبارەكلىكى تائىپىلەرگە يېتىپ، ئۆزىمىز ئىماننىڭ ۋاسىتىسى
بىلەن ۋەدە قىلىنغان روھنى قوبۇل قىلىمىقىمىز ئۈچۈن ئازاد قىلىندۇق.

## تەۋرات قانۇنى ۋە خۇدانىڭ ۋەدىسى

[15] ئەي بۇرادەرلەر، ئىنسانچە سۆزلەپ ئېيتىمەنكى، بىر ئادەمنىڭ ۋەسىيىتى تەستىق
قىلىنغاندىن كېيىن، ھېچكىم ئۇنى ئىناۋەتسىز قىلالمايدۇ ياكى ئۇنىڭغا بىر نېمە قوشالمايدۇ.
[16] ئەمما ئىبراھىمغا ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇقىغا ۋەدىلەر بېرىلدى. تولىغا ئېيتقاندەك «ئۇرۇقلار»
دېمىدى، بەلكى بىرگە ئېيتقاندەك «ئۇرۇقۇڭ» دەيدۇ ۋە ئۇ ئۇرۇق مەسىھتۇر. [17] لېكىن شۇنى
ئېيتىمەنكى، خۇدا ئىلگىرىدىن توختاتقان ئەھدىنى تۆت يۈز ئوتتۇز يىلدىن كېيىن بېرىلگەن
تەۋرات قانۇنى ئۆزى ۋەدىنى يوقاتقۇدەك ئىناۋەتسىز قىلالمايدۇ. [18] ئەگەر مىراس قانۇندىن
بولسا ئىدى، ۋەدىدىن بولمايتتى. لېكىن خۇدا ئۇنى ئىبراھىمغا ۋەدە بىلەن بەرگەنىدى.

[19] ئۇنداق بولسا، تەۋرات قانۇنى نېمە ئۈچۈن بېرىلدى؟ ئۇ ئۆزى ۋەدە قىلىنغان ئۇرۇق كەلگۈچە خىلاپلىقنىڭ ئاشكارا بولۇشى ئۈچۈن قوشۇلۇپ، پەرىشتىلەر ۋاستىسى بىلەن بېرىلىپ، بىر ۋاستىچىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى. [20] لېكىن ۋاستىچى يالغۇز بىر تەرەپنىڭ ۋاستىچىسى ئەمەس، ئەمما خۇدا بىردۇر. [21] ئۇنداقتا تەۋرات قانۇنى خۇدانىڭ ۋەدىسىگە زىتمۇ؟ ياق ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى ھاياتلىق يەتكۈزىدىغان قانۇن بېرىلگەن بولسا ئىدى، دەرۋەقە ئادالەت قانۇندىن بولاتتى. [22] لېكىن ئەيسا مەسىھنىڭ ئىمانىدىن بولغان ۋەدە ئىشەنگەنلەرگە بېرىلسۇن دەپ، مۇقەددەس يازمىلار ھەممىسىنى گۇناھنىڭ تېگىگە سولاپ قويىدى.

[23] ئەمما ئىمان كەلمەستە ئۇ ئاشكارا بولىدىغان ئىماننىڭ ۋاقتىغىچە بىز تەۋرات قانۇنىنىڭ تېگىدە ساقلانغاندۇق. [24] بۇنىڭ بىلەن ئىمان بىلەن ئادىل قىلىنىمىقىمىز ئۈچۈن تەۋرات قانۇنى بىزنى مەسىھكە كەلتۈرىدىغان مۇئەللىمىمىز بولدى. [25] ئەمما ئىمان كەلگەندىن كېيىن مۇئەللىمنىڭ تېگىدە ئەمەسمىز.

## خۇدانىڭ ئوغۇللىرى

[26] چۈنكى ھەممەڭلار مەسىھ ئەيسادىكى ئىمان بىلەن خۇدانىڭ ئوغۇللىرىدۇرسىلەر. [27] چۈنكى مەسىھكە چۆمۈلدۈرۈلگەن ھەممەڭلار مەسىھنى كىيىۋالغان بولدۇڭلار. [28] مۇندا نە يەھۇدىي ۋە نە يۇنانىي، مۇندا نە قۇل ۋە نە ھۆر، مۇندا نە ئەر كىشى ۋە نە خوتۇن كىشى، چۈنكى ھەممەڭلار مەسىھ ئەيسادا بىردۇرسىلەر. [29] ئەمما مەسىھنىڭكى بولساڭلار، ئىبراھىمنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى بولۇپ، ۋەدىگە مۇۋاپىق ۋارىستۇرسىلەر.

4 [1] ئېيتماقچىمەنكى، ۋارىس بالا ئىكەن ۋاقتىدا ھەممىسىنىڭ ئىگىسى بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ بىلەن بىر قۇلنىڭ ئارىسىدا ھېچبىر پەرقى يوقتۇر. [2] بەلكى ئاتىسى تايىن قىلغان ۋاقىتقىچە ئۇ باققۇچىلار ۋە ۋەكىللەرنىڭ تېگىدە تۇرىدۇ. [3] شۇنداق بىز ھەم بالاغەتكە يەتمەستە دۇنيانىڭ قۇدرەتلىرىنىڭ تېگىدە قۇللۇق قىلىپ تۇردۇق. [4] لېكىن ۋاقىت تامام بولغاندا خۇدا ئۆز ئوغلىنى ئەۋەتتى. [5] بىزگە ئوغۇللۇق ھەققىنى تاپتۇرۇپ تەۋرات قانۇنىنىڭ تېگىدىكىلەرنى ئازادلىققا سېتىۋالماق ئۈچۈن ئۇ ئۆزى خوتۇندىن تۇغۇلۇپ شتەۋرات قانۇنىنىڭ تېگىدە بولۇپ كەلدى.

[6] لېكىن ئوغۇللار بولغىنىمىز ئۈچۈن، خۇدا كۆڭۈللىرىمىزگە ئۆز ئوغلىنىڭ «ئاببا، ئەي ئاتا» دەپ قىچقىرىدىغان روھىنى ئەۋەتتى. [7] مۇندىن كېيىن قۇل ئەمەس، بەلكى ئوغۇلدۇرسەن ۋە ئوغۇل بولساڭ، خۇدا تەرىپىدىن ۋارىس بولىسەن. [8] ئەمما خۇدانى تونۇمىغان ۋاقىتىڭلاردا ئەسلى تەڭرى بولمىغان تەڭرىلەرگە قۇللۇق قىلاتتىڭلار. [9] لېكىن ئەمدى خۇدانى تونۇپ، دەرۋەقە ئۇنىڭ تەرىپىدىن تونۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئاجىز بىچارە قۇدرەتلەرگە قانداق يېنىپ،

يەنە قۇللۇق قىلالايسىلەر؟ [10] تايىن كۈنلەر ۋە ئايلار ۋە ۋاقىتلار ۋە يىللارنى ئۇلۇغ بىلىپ ساقلايسىلەر. [11] سىلەرنىڭ جەھىتىڭلاردىن تارتقان زەخمىتىم بىكارمىكىن دەپ، سىلەر ئۈچۈن قورقىمەن.

## پاۋلۇسنىڭ گالاتىيالىقلاردىن ئەندىشە قىلىشى

[12] ئەي بۇرادەرلەر، سىلەرگە يالۋۇرىمەنكى، مەن سىلەردەك بولغاندىن كېيىن، سىلەر مەندەك بولۇڭلار. ماڭا ھېچبىر زەرەر يەتكۈزمىگەنىدىڭلار. [13] لېكىن بىلىسىلەركى، بەدىنىم زەئىپ بولغان سەۋەبىدىن ئاۋۋالقى مەرتىۋە سىلەرگە ئىنجىلنى ۋەز ئېيتتىم. [14] بەدىنىمدىكى زەئىپلىك سىلەرگە سىناق بولۇنغۇدەك بولغان بولسىمۇ، مېنى تەھقىر قىلىپ يىرگىنچلىك كۆرمەي، خۇدانىڭ بىر پەرىشتىسىدەك، دەرۋەقە ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىدەك مېنى قوبۇل قىلدىڭلار. [15] ئەمدى ئۆزۈڭلارنى خۇشال ئېيتقىنىڭلار نە يەردىدۇر؟ چۈنكى سىلەر توغرۇلۇق گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئەگەر مۇمكىن بولسا ئىدى، ئۆز كۆزلىرىڭلارنى ئويۇپ ماڭا بېرەتتىڭلار. [16] ئەمدى سىلەرگە راستنى ئېيتقىنىم ئۈچۈن دۈشمىنىڭلار بولدۇممۇ؟ [17] ئۇلار سىلەر ئۈچۈن غەيرەت قىلىدۇ، لېكىن شۇنى ياخشى تەرىقىدە قىلماي، بەلكى سىلەرنى ئۆزىگە غەيرەتلىك قىلدۇرماق ئۈچۈن سىلەرنى بىزدىن توسىدۇ. [18] يالغۇز مەن ئاراڭلاردا بولغان ۋاقىتتا ئەمەس، بەلكى ياخشى ئىشتا ھەمىشە غەيرەت قىلىنىش ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. [19] ئەي باللىرىم، مەسىھ سىلەردە سۈرەتلەنگۈچە سىلەر ئۈچۈن يەنە تولغاق تارتىمەن. [20] ئەمدى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بولۇپ باشقىچە ئاۋاز بىلەن سۆزلىگىلى خالاتتىم، چۈنكى سىلەر ئۈچۈن ئىلاجىسىزدۇرمەن.

## ھاگار ۋە سارەنىڭ مىسالى

[21] ئەي تەۋرات قانۇنىنىڭ تېگىدە تۇرۇشنى خالىغۇچىلار، ماڭا دەپ بېرىڭلار: تەۋرات قانۇنىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ [22] چۈنكى ئىبراھىمنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بىرى دېدەكتىن ۋە بىرى ھۆر خوتۇندىن ئىدى دەپ پۈتۈلگەندۇر. [23] لېكىن دېدەكنىڭ ئوغلى جىسمگە مۇۋاپىق تۇغۇلدى، ئەمما ھۆر خوتۇننىڭ ئوغلى ۋەدىگە مۇۋاپىق تۇغۇلدى. [24] ئەمما بۇ ئىشنىڭ باشقا مەنىسى بار، چۈنكى بۇ خوتۇنلار ئىككى ئەھدىنىڭ مىسالى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى سىناي تېغىدىن بولۇپ، ئۆز باللىرىنى قۇللۇققا تۇغىدۇ ۋە شۇنىڭ مىسالى ھاگاردۇر. [25] چۈنكى سىناي تېغى ئەرەبىستاندا ھاگار دەپ ئاتىلىپ، ھازىرقى يېرۇسالىمنىڭ مىسالىدۇر. چۈنكى يېرۇسالىم ئۆز باللىرى بىلەن قۇللۇقتا تۇرىدۇ. [26] لېكىن ساماۋى يېرۇسالىم ھۆر بولۇپ بىزنىڭ ئانىمىز بولىدۇ. [27] چۈنكى پۈتۈلگەنكى: «ئەي تۇغمايدۇ بولۇپ بالا تۇغمىغۇچى، شادلىق قىلغىن، ئەي تولغاق تارتمىغۇچى، خۇشلۇقتىن ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن قىچقارغىن، چۈنكى ئېرى بولمىغاننىڭ باللىرى ئېرى بولغاننىڭكىدىن تولا بولىدۇ.

[28] ئەمدى سىلەر، ئەي بۇرادەرلىرىم، ئىسھاقتەك ۋەدىنىڭ باللىرىدۇرسىلەر. [29] لېكىن ئۇ ۋاقىتتا جىسمگە مۇۋاپىق تۇغۇلغان ئۆزى روھقا مۇۋاپىق تۇغۇلغاننى قوغلىغاندەك، ئەمدى ھەم شۇنداق بولىدۇ. [30] ئەمما مۇقەددەس يازما نېمە ئېيتىدۇ؟ دېدەكنى ۋە ئوغلىنى چىقارغىن. دېدەكنىڭ ئوغلى ھۆر خوتۇننىڭ ئوغلى بىلەن مىراس ئېلىشمىسۇن» دەپ ئېيتىدۇ. [31] ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئەي بۇرادەرلىرىم، بىزلەر دېدەكنىڭ باللىرى ئەمەس، بەلكى ھۆر خوتۇننىڭ باللىرىدۇرمىز.

## ئەيسا مەسىھتىكى ئازادلىقىمىز

5 [1] ئازاد بولمىقىمىز ئۈچۈن مەسىھ بىزنى ئازاد قىلدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن چىڭ تۇرۇپ، قۇللۇق بويۇنتۇرۇقىنىڭ ئاستىغا كىرمەڭلار.

[2] مانا مەن پاۋلۇس سىلەرگە ئېيتىمەنكى، ئەگەر ئۆزۈڭلارنى خەتنە قىلدۇرساڭلار، مەسىھ سىلەرگە ھېچ پايدا قىلمايدۇ. [3] ئۆزىنى خەتنە قىلدۇرىدىغان ھەر ئادەمگە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئۇ بارچە تەۋرات قانۇننى تۇتقىلى قەرزدار بولىدۇ. [4] ئەي تەۋرات قانۇنى بىلەن ئادىل بولغىلى خالىغانلار، مەسىھتىن ئايرىلىپ، مېھىر-شەپقەتتىن چىقىپ چۈشكەنسىلەر. [5] چۈنكى بىز روھ بىلەن ئىماندىن بولغان ئادالەتنىڭ ئۈمىدىگە مۇنتەزىر تۇرىمىز. [6] چۈنكى مەسىھ ئەيسادا خەتنىنىڭمۇ پايدىسى يوق، خەتنىسىزلىكنىڭمۇ پايدىسى يوق، بەلكى مۇھەببەتنى كارغا كەلتۈرىدىغان بىر ئىمان لازىمدۇر.

[7] ياخشى يۈگۈرۈۋاتقاندىڭلار. ھەقىقەتكە ئىتائەت قىلىشتىن كىم سىلەرنى توستى؟ [8] بۇ ئۈندەش سىلەرنى دەۋەت قىلغاننىڭ تەرىپىدىن كەلمىدى. [9] كىچىككىنە خېمىرتۇرۇچ خېمىرنىڭ ھەممىسىنى ئېچىتىدۇ. [10] مەن خۇداۋەندىدە سىلەرگە شۇ ئىشەنچىم باركى، باشقا پىكىرگە كىرىشمىگەيسىلەر. لېكىن سىلەرنى ئېزىقتۇرغۇچى ئۆزى كىم بولسا بولسۇن، ئۇ ئۆز ھۆكۈمىنى تاپىدۇ.

[11] ئەمما مەن بولسام، ئەي بۇرادەرلەر، ئېخى خەتنىنى ۋەز ئېيتسام، نېمە ئۈچۈن قوغلىنىمەن؟ خەتنىنى ۋەز ئېيتسام، كرېستنىكى پۇتلىكاشاڭ يوق بولۇپ كېتەتتى. [12] كاشكى سىلەرنى قۇتراتقانلار ئۆز-ئۆزىنى ئاختا قىلسا ئىدى.

[13] ئەي بۇرادەرلەر، سىلەر ئازادلىققا چىقىرىلدىڭلار. بىراق ئازادلىقىڭلارنى جىسىم پۇرسەت تاپقۇدەك ئىشلەتمەڭلار، لېكىن مۇھەببەت بىلەن بىر-بىرىڭلارغا خىزمەت قىلىڭلار. [14] چۈنكى تەۋرات قانۇننىڭ ھەممىسى بىر سۆزدە، يەنى: «ھەقەمسايەڭنى ئۆزۈڭدەك دوست تۇتقىن» دېگەن سۆزدە ئەمەل قىلىنىدۇ. [15] لېكىن ئاراڭلاردا چىشلىشىپ بىر-بىرىڭلارنى يېسەڭلار، ئاگاھ بولۇڭلاركى، بىر-بىرىڭلارنى يەپ كەتمىگەيسىلەر.

## مۇقەددەس روھنىڭ ۋاستىسى بىلەن ياشاش

16 شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، روھ بىلەن يۈرۈڭلار ۋە جىسمىنىڭ شەھۋىتىنى بەجا كەلتۈرمەڭلار.
17 چۈنكى جىسىم روھقا زىت ۋە روھ جىسىمگە زىت بولغان ئىشلارنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە بۇلارنىڭ
ئىككىلىسى بىر-بىرىگە زىت تۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئۆز خالىغىنىڭلارنى قىلالمايسىلەر. 18 لېكىن
روھ بىلەن يېتەكلەنسەڭلار، تەۋرات قانۇنىنىڭ تېگىدە ئەمەسسىلەر.
19 ئەمدى جىسمىنىڭ ئەمەللىرى ئاشكارىدۇر ۋە ئۇلار ئۆزى: زىناخورلۇق، ناپاكلىق، بۇزۇقلۇق،
20 بۇتپەرەسلىك، سېھىرگەرلىك، ئاداۋەت، خۇسۇمەت، ئاچچىق، غەزەپ، مۇخالىپلىق،
تەرەپدارلىق، بۆلگۈنچىلىك، 21 ھەسەت، قاتىللىق، شارابخورلۇق، ھاراق مەجلىسلەر ۋە بۇلارغا
ئوخشاش ئىشلار بولىدۇ. شۇنداق ئىشلار توغرىسىدا ئىلگىرى ئېيتقاندەك يەنە ئېيتىمەنكى،
ئۇنداق ئىشلارنى قىلغۇچىلار خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا ۋارىس بولمايدۇ.
22 ئەمما روھنىڭ مېۋىسى مۇھەببەت، خۇشلۇق، ئامانلىق، كۆڭۈل كەڭلىكى، مېھرىبانلىق،
ياخشىلىق، ساداقەتلىك، 23 ياۋاشلىق ۋە نەپس تارتماقلىقتۇر. ئۇنداق ئىشلارغا قارشى
ھېچقانداق قانۇن يوقتۇر. 24 لېكىن مەسىھ ئەيسانىڭكى بولغانلار جىسمىنى خاھىشى ۋە
شەھۋەتلىرى بىلەن كرېستكە تارتقان بولىدۇ. 25 ئەمدى روھنىڭ ۋاستىسى بىلەن تىرىكلىك
تاپقان بولساق، روھقا مۇۋاپىق يۈرەيلى. 26 بىر-بىرىمىزنى غەزەپكە كەلتۈرۈپ، بىر-بىرىمىزگە
ھەسەت قىلىپ، بىكار ئىززەت ئىزدىمەيلى.

## بىر-بىرىڭلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇڭلار

6 1 ئەي بۇرادەرلەر، ئەگەر بىر كىشى خاتاغا چۈشۈپ كەتسە، سىلەر روھىي بولغانلار شۇنداقنى
ياۋاش روھ بىلەن ئوڭلاڭلار. ئۆزۈڭگە قارىغىنكى، ئۆزۈڭ سىناققا چۈشمىگەيسەن.
2 بىر-بىرىڭلارنىڭ يۈكلىرىنى كۆتۈرۈپ، شۇنداق قىلساڭلار مەسىھنىڭ قانۇنىغا ئەمەل
قىلغان بولىسىلەر. 3 بىركىم بىر نېمە بولماي، ئۆزىنى بىر نېمە خىيال قىلسا، ئۆز-ئۆزىنى
ئالدايدۇ. 4 لېكىن ھەركىم ئۆز ئىشىنى سىناق قىلسۇن. شۇنداق قىلسا، باشقىسى توغرىسىدا
پەخىرلەنمەي، يالغۇز ئۆز ئىشى توغرىسىدا پەخىر بولىدۇ. 5 چۈنكى ھەركىمنىڭ كۆتۈرىدىغان
ئۆز يۈكى باردۇر.
6 خۇدانىڭ سۆزىدە تەلىم ئالغۇچى تەلىم بەرگۈچىسىنى ھەر ياخشى نېمىتىگە شېرىك قىلسۇن.
7 ئېزىقماڭلار، خۇدا ئۆزىنى مەسخىرە قىلغىلى قويمايدۇ. ئادەم نېمە تېرىسا، شۇنى ھەم ئورىدۇ.
8 چۈنكى ئۆز جىسمىگە تېرىغان كىشى جىسمىدىن ھالاكەت ئورىدۇ ۋە روھقا تېرىغان كىشى
روھتىن ئەبەدىي تىرىكلىك ئورىدۇ. 9 لېكىن ياخشىلىق قىلغىنىمىزدا ھارمايلى. چۈنكى
زېرىكمىسەك، ئۆز ۋاقتىدا ئورايمىز.

[10] شۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسىتىمىز بار ۋاقىتتا ھەممىسىگە، بولۇپمۇ ئېتىقادچىلار ئائىلىسىدىكىلەرگە ياخشىلىق قىلايلى.

# ئاخىرقى سۆز ۋە سالام

[11] ئۆز قولۇم بىلەن سىلەرگە پۈتۈپ شۇنچە چوڭ ھەرپلەر يازغىنىمغا قاراڭلار. [12] جىسمىچە مۆتىۋەر بولغىلى خالىغانلارنىڭ ھەممىسى، ئۆزىمىز مەسىھنىڭ كرېستى ئۈچۈن قوغلانمايمىز دەپ، سىلەرنى خەتنە قىلدۇرۇشقا زورلايدۇ. [13] چۈنكى خەتنە قىلىنغانلار ئۆزى تەۋرات قانۇنىنى تۇتماي، سىلەرنىڭ جىسمىڭلار بىلەن پەخىرلەنگىلى خالاپ، سىلەرنى خەتنە قىلدۇرغۇسى بار.
[14] لېكىن مەن بولسام خۇداۋەندىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ كرېستىدىن باشقا نەرسە بىلەن ھەرگىز پەخىرلەنمىگەيمەن. ئۇ كرېستنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن دۇنيا ئۆزۈمدىن ۋە ئۆزۈم دۇنيادىن كرېستكە تارتىلغان بولىمان. [15] چۈنكى خەتنىنىڭمۇ پايدىسى يوق ياكى خەتنىسىزلىكنىڭمۇ پايدىسى يوق، لېكىن يېڭى يارىتىلغۇچى بولماق لازىمدۇر. [16] بۇ قائىدىگە مۇۋاپىق يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ۋە خۇدانىڭ ئىسرائىلىغا ئامانلىق ۋە مېھىر-شەپقەت بولسۇن.
[17] مۇندىن كېيىن ھېچكىم مېنى بىئارام قىلمىسۇن، چۈنكى مېنىڭ ئۆز بەدىنىمدە ئەيسانىڭ بەلگىلىرى باردۇر. [18] ئەي بۇرادەرلەر، خۇداۋەندىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتى سىلەرنىڭ روھۇڭلار بىلەن بولسۇن ئامىن.